# پارتىيەنىڭ بايرىقى ئاستىدا ئارمىيە روھىنى تاۋلاش

(بېشى 1 - بەتتە)

يېڭى دەۋردە كۈرەش قىلىۋاتقاندا، خەلق ئارمىيەسى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، شى جىنپىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى ھەربىي ئىشلار ئىستراتېگىيەلىك فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش نىشانىغا قاراپ چوڭ قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تېخىمۇ كۈچلۈك ئىستراتېگىيە تىرەكى بىلەن تەمىنلىدى.

## بايراقنى كۆتۈرۈپ روھنى تاۋلاپ، پارتىيەنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇش ئىدىيە ئاساسىنى مۇستەھكەملەش

ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچى، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيەنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېزلىتىش... باش قىش مەزگىلىدە، پۈتۈن ئارمىيەنىڭ پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بويىچە لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى، شىمالدىكى چېگرا رايونلاردىن جەنۇبتىكى دېڭىز ئاراللىرىغىچە، دۆڭخەي دېڭىزى ساھىلىدىن غەربىي قىسىمدىكى ئېگىزلىككىچە، رەئىس شى جىنپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان بىر قاتار يېڭى ئىدىيە، يېڭى ھۆكۈم، يېڭى تەلەپلەر ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرگە بىۋاستە يەتكۈزۈلدى.

«خەلق ئارمىيەسى جەزمەن پارتىيەنىڭ ئارمىيەگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە مەھكەم چىڭ تۇرۇپ، بۇ ماددىنى خەلق ئارمىيەسىنىڭ مەڭگۈ ئۆزگەرسە بولمايدىغان ئارمىيە روھى، مەڭگۈ يوقىتىپ قويۇشقا بولمايدىغان جان تومۇرى قىلىشى كېرەك».

«ئارمىيە روھىنى تاۋلاش ئارمىيەمىزنىڭ سىياسىي خىزمىتىنىڭ يادرولۇق ۋەزىپىسى، ھەر قانداق ۋاقىتتا ئۇنىڭدىن تەۋرىنىشكە بولمايدۇ».

ئارمىيە پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىش، ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتا ئالدى بىلەن روھىنى تاۋلاش كېرەك. پۈتۈن ئارمىيە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە شى جىنپىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى چۆرىدەپ، «ئەسلى مەقسىتىنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى ۋە «قىزىل گېنىغا ۋارىسلىق قىلىش، ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئېغىر ۋەزىپىسىنى زىممىگە ئېلىش» باش تېما تەربىيەسى، «يادرونى قوغداش، قوماندانلىققا بويسۇنۇش» باش تېما تەربىيەسى پائالىيىتى، ئىسلاھات ئارقىلىق ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش باش تېما تەربىيەسى پائالىيىتى قاتارلىقلارنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنى «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشقا يېتەكلەپ، ھەربىي كومىتېت رەئىسى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇش، ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلاش ئىدىيەۋى - سىياسىي ئاساسىنى مۇستەھكەملىدى.

— ئىدىيە يېتەكچىلىكىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئېتىقاد، ئەقىدىنى چىڭىتىش.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پۈتۈن ئارمىيەدىكى ھەر دەرىجىلىكلەر ئۆلچەم تېخىمۇ يۇقىرى بولۇش، ئالدىنقى قاتاردا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەش تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېتىقاد ئاساسىنى مۇستەھكەملەپ، مەنىۋى كالتسىينى يېتەرلىك تولۇقلاپ، ئىدىيە رولىنى چىڭ تۇتتى.

پۈتۈن ئارمىيەدىكى قىسىملار پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسىنى ئاممىباپلاشتۇرۇشنى چوڭقۇر، پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، بىر قاتار ئىزدىنىش، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشلەرنى ئېلىپ باردى.

چوڭقۇرلاشتۇرۇش، پۇختىلاش، قەلبكە سىڭدۈرۈش، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسى خۇددى ماگنىت مەيدانىغا ئوخشاش قۇدرەتلىك مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچىنى توپلىدى، كەڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ ئېتىقاد ئېگىزلىكىنى مۇستەھكەملىدى، نەزەرىيە جەھەتتىكى سەگەكلىك ئارقىلىق سىياسىي جەھەتتىكى قەتئىيلىككە كاپالەتلىك قىلدى.

— ئارمىيە روھى تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، مۇتلەق سادىقلىقنى تاۋلاش.

پۈتۈن ئارمىيە ئارمىيە روھى تەربىيەسىنى چوڭقۇر ياخشى تۇتۇپ، ھەربىي كومىتېت رەئىسى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، سىياسىي تەلەپ ۋە تۈزۈم - بەلگىلىمىلەرنى دەل جايىدا ئىگىلەپ، «پارتىيەنىڭ ئارمىيەگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ئۆگىنىش ئوقۇشلۇقى» «ھەربىي كومىتېت رەئىسى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى ئۆگىنىش ئوقۇشلۇقى»نى ياخشى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭدىن ياخشى پايدىلىنىپ، پارتىيەنىڭ خەلق ئارمىيەسىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىنى ئارمىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى، پۈتۈن جەريانىدا ئىزچىللاشتۇردى. «رەئىس شى جىنپىڭنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇش، رەئىس شى جىنپىڭ ئالدىدا مەسئۇل بولۇش، رەئىس شى جىنپىڭنى خاتىرجەم قىلىش» پۈتۈن ئارمىيەدىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندى.

پارتىيەنىڭ خەلق ئارمىيەسىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكى ئاساسىي قاتلامغا بىۋاستە يەتكۈزۈلدى، ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرگە بىۋاستە يەتكۈزۈلدى، پۈتۈن ئارمىيەدىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر باشتىن - ئاخىر مۇتلەق سادىق بولۇش، مۇتلەق ساپ بولۇش، مۇتلەق ئىشەنچلىك بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

— ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش نىشانىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش كۈچىنى مۇجەسسەملەش.

«يولداشلار ياخشىمۇ سىلەر!» «رەئىس ياخشىمۇ سىز!»

«يولداشلار جاپا چەكتىڭلار!» «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىمىز!»

2019 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، پايتەخت بېيجىڭ، چاڭئەن كوچىسى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش ھەربىي پاراتىغا قاتناشقان ئۈچ ئارمىيە قوماندان - جەڭچىلىرى ھەيۋەتلىك سەپ تۈزۈپ، شەرەپ بىلەن رەئىس شى جىنپىڭنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈشىنى قوبۇل قىلدى. رەئىس شى جىنپىڭ سەممىمىي ھال سورىغاندا، كۆزدىن كەچۈرۈشنى قوبۇل قىلغان ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر جاراڭلىق جاۋاب بەردى.

«پارتىيەنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنىمىز! غەلىبىلىك ئۇرۇش قىلالايدىغان بولىمىز! ئىستىلدا ئېسىل بولىمىز!»

پۈتۈن ئارمىيە پارتىيەنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش نىشانىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ئىدىيەۋى - سىياسىي قۇرۇلۇشنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ۋەزىپىسى قىلدى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلىنىپ، تەدبىر تۈزۈپ، قۇرۇلۇشنى تۇتۇپ، ئىستراتېگىيەلىك پىلانلاش ئىقتىدارىنى، ھەقىقىي جەڭ قىلىشقا پۇختا تەييارلىق قىلىش ئىقتىدارىنى، ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى، ئىلمىي باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى، چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ ئۆستۈرۈپ، ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش نىشانىنىڭ ئاساسىي قاتلامدا ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا تۈرتكە بولدى. كەڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش نىشانىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئېتىقادىنى چىڭىتىپ، ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئەمەلىيىتىگە ئۆزىنى بېغىشلاپ، ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئارمىيەنى گۈللەندۈرۈش مۇساپىسىدە تۆھپە قوشۇپ نەتىجە ياراتتى.

## ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىپ، غەلىبىلىك ئۇرۇش قىلالايدىغان ئىرادە، كۈچنى مۇجەسسەملەش

«جەڭچى دېگەن جەڭچى، جەڭگىۋار قوشۇن دېگەن جەڭگىۋار قوشۇن، جەڭگىۋارلىق دېگەن جەڭگىۋارلىق».

«ئۇرۇش قىلىش ۋە ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلىق كۆرۈش ھەربىيلەرنىڭ مەجبۇرىيىتى».

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، رەئىس شى جىنپىڭ ئۇرۇش قىلالايدىغان بولۇش، غەلىبىلىك ئۇرۇش قىلىش ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى، خەلق ئارمىيەسى مەڭگۈ جەڭگىۋار قوشۇن، خەلق ئارمىيەسىنىڭ ھاياتى كۈچى جەڭگىۋارلىقىدا، دەپ قايتا - قايتا تەكىتلىدى. دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلەۋاتقان ھەربىي پاراخوتتا، رەئىس شى جىنپىڭ پالۇبىغا چىقىپ، كېمە بۆلۈمچىسىگە كىرىپ، ھەرقايسى ئاساسلىق جەڭ ئورۇنلىرىنى بىرمۇبىر كۆزدىن كەچۈردى؛ قەھرىتان سوغۇق بولىدىغان چۆل - جەزىرىدە، رەئىس شى جىنپىڭ قەھرىتان سوغۇق، شۇرغانغا قارىماي، ئۇچۇشنى مەشىق قىلىش ئەھۋالىنى چوڭقۇر ئىگىلىدى؛ پۈتۈن ئارمىيە خاراكتېرلىك ئۇرۇش تەييارلىقى مانېۋىر مەشىقىدە رەئىس شى جىنپىڭ ئۆزى بىرىنچى سەپتە قوماندانلىق قىلىپ، مانېۋىر لايىھەسى، مانېۋىرغا قاتنىشىدىغان قىسىملارنى تاللاپ كۆرسىتىش، ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى ئىگىلەپ يېتەكچىلىك قىلىش - ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋاللىرىنى ئۆزى قاراپ چىقىپ بېكىتتى...

سىياسىي خىزمەت ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن ئىشلەندى. پۈتۈن ئارمىيەدىكى ھەر دەرىجىلىكلەر كۈچلۈك سىياسىي خىزمەتنى جەڭگىۋارلىقنى كۈچەيتىش قۇرۇلۇشىنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىغا سىڭدۈرۈپ، ھەربىي كۈرەش تەييارلىقىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا يۇغۇرۇپ، ئۇرۇش قىلالايدىغان بولۇش، غەلىبىلىك ئۇرۇش قىلىشنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، غەلىبە قىلىش، ئەسكەرلەرنى مەشىقلەندۈرۈپ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش قىزغىن دولقۇنىنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولدى.

— دىققەتنى تۈپ فۇنكسىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ، جەڭگىۋار قوشۇن ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش.

ھازىر، دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتى تېز ئۆزگىرىۋاتىدۇ، دۆلىتىمىزنىڭ خەۋپسىزلىك ۋەزىيىتىدە مۇقىمسىزلىق، ئېنىقسىزلىق كۈچەيمەكتە. قانداق قىلغاندا ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ ئەسكەر بولۇپ ئۇرۇش قىلىش، ئەسكەر باشلاپ ئۇرۇش قىلىش، ئەسكەرلەرنى مەشىقلەندۈرۈپ ئۇرۇش قىلىش ئىدىيەسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پارتىيە ۋە خەلق يۈكلىگەن يېڭى دەۋرنىڭ بۇرچ - ۋەزىپىسىنى زىممىگە ئالغىلى بولىدۇ، ھەر دەرىجىلىكلەر پائال نەتىجە يارىتىش داۋامىدا بۇنىڭغا جاۋاب ئىزدىمەكتە.

كۆلپەت ئېغىر كۈچەيدى، كىرىزىس ئېغىر چىڭىدى، ئۇرۇش قىلىش ئېغى تۇرغۇزۇلدى. پۈتۈن ئارمىيەدىكى يۇقىرى - تۆۋەندىكىلەر ۋاقىت ساقلاپ تۇرمايدۇ، دەيدىغان تەخىرسىزلىك، مەن قىلمىسام كىم قىلىدۇ، دەيدىغان مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن، ھەربىي ئىشلار كۈرەش تەييارلىقىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى چىڭ تۇتۇپ ئالغا سىلجىتىپ، كۈچلۈك دۈشمەندىن قورقماي، دادىل پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ، ھەربىي ئىشلار كۈرەش ۋەزىپىسىنى قەتئىي ئورۇنداپ، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش داۋامىدا ئەسكەرلەرنى مەشىقلەندۈرۈپ، ئەسكەرلەرنى ئىشلىتىش داۋامىدا ئەسكەرلەرنى كۈچەيتىپ، ئۇرۇش تەييارلىقى ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش بىلەن جەڭگىۋارلىق سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشنى تەڭ تۇتۇپ بىرلىكتە ئىلگىرى سۈردى.

— ئەمەلىي جەڭ تەلىپىنى توغرا نىشانلاپ، جەڭگىۋارلىق ئۆلچىمىنى ئېنىق بېكىتىش.

«قاتتىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىدىغان 6 - لېيەن» سىياسىي - ئىدىيەۋى جەھەتتە قاتتىق بولۇش، ھەربىي مەشىق جەھەتتە قاتتىق بولۇش، جەڭ ئىستىلى جەھەتتە قاتتىق بولۇش بىلەن پۈتۈن مەملىكەت، پۈتۈن ئارمىيەدە شۆھرەت قازانغان قەھرىمان لېيەندۇر، ئۇلارنىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، غەلىبە قىلىشقا ئىرادە تىكلەش ئەمەلىيىتى پۈتۈن ئارمىيەنىڭ جەڭگىۋارلىق ئۆلچىمىنى بېكىتىش، ئەسكەرلەرنى مەشىقلەندۈرۈپ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشنى چىڭ تۇتۇشنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشى.

2020 - يىلى 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، رەئىس شى جىنپىڭ «قاتتىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىدىغان 6 - لېيەن»دىكى بارلىق ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرگە جاۋاب خەت قايتۇرۇپ، ئۇلارنى ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش نىشانىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، قىزىل گېنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، غەلىبە قىلىش ماھارىتىنى جاپالىق مەشىق قىلىپ، «قاتتىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش روھى»نى كەڭ جارى قىلدۇرۇپ، لېيەندۇينى تېخىمۇ كۈچلۈك قىلىپ قۇرۇشقا ئىلھاملاندۇردى.

2014 - يىلدىن بۇيان، «جەڭگىۋارلىق ئۆلچىمى چوڭ مۇزاكىرىسى»نى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، پۈتۈن ئارمىيەدىكىلەر مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىسىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، تىنچ شارائىتتىكى يىغىلىپ قالغان نۇقسانلارنى تېگى - تەكتىدىن تەكشۈرۈپ، كەڭ - كۆلەمدە تازىلاش پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، جەڭگىۋارلىقتىن ئىبارەت بۇ بىردىنبىر تۈپ ئۆلچەمنىڭ بېكىتىلىپ ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولدى. تەربىيەلەش مۇزاكىرىلىرى، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەلتۆكۈس تۈزىتىشلەر ئارقىلىق ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشنى تۇتۇش، غەلىبىلىك ئۇرۇش قىلىشنى كۆزلەش ھەرىكىتى تېخىمۇ قەتئىي، ئاڭلىق بولدى.

كەڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر ئىدىيەۋى - سىياسىي تەربىيە ئۇرغۇتقان سىياسىي قىزغىنلىقنى مەشىق قىلىشتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، ئەمەلىي جەڭ خاراكتېرىدىكى ھەربىي مەشىقنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتتى.

— قان كېچىشتىن قورقمايدىغان جاسارەت يېتىلدۈرۈپ، جەڭگىۋار روھنى سىجىل ئۇرغۇتۇش.

«كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىش، غەلىبە قىلىشقا جۈرئەت قىلىش، جاپادىنمۇ، ئۆلۈمدىنمۇ قورقماسلىق خەلق ئارمىيەسىنىڭ قان كېچىشتىن قورقمايدىغان قەيسەرلىكىنىڭ جانلىق كارتىنىسى.» رەئىس شى جىنپىڭ چوڭقۇر قىلىپ مۇنداق كۆرسەتتى: ئەۋلادمۇئەۋلاد ئىنقىلابىي ھەربىيلەر ھاياتلىق ۋە ئۆلۈم ئالدىدا قەيسەرلىك بىلەن بىر قارارغا كېلىشكە تايىنىپ، بارلىق دۈشمەن ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغان، دۈشمەنگە ھەرگىز تىز پۈكمەيدىغان ئۇلۇغ جاسارەتنى شەكىللەندۈرگەن.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پۈتۈن ئارمىيەدىكى ھەر دەرىجىلىكلەر دىققەتنى يېڭى دەۋردىكى جەڭگىۋار روھ ئالاھىدىلىكىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىدىيەۋى تەربىيە، ئۇرۇش مەشىقى ئارقىلىق چېنىقتۇرۇش، مۇھىت ئارقىلىق تاۋلاش، سىياسەت ئارقىلىق رىغبەتلەندۈرۈش قاتارلىق ۋاستىلەرنى ئۈنۈېرسال قوللىنىپ، يېڭى دەۋردىكى ئىنقىلابىي ھەربىيلەرنىڭ كۆتۈرەڭگۈ جۇشقۇن روھىنى ئومۇميۈزلۈك تاۋلىدى. ھەربىي گازارمىلاردا ئەڭ كەڭ تارقالغىنى كۈرەش ھېكايىسى، ئەڭ ياڭراق ئېيتىلغىنى ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش جەڭ مارشى بولدى.

## ئەۋلادمۇئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىپ، ئىستىلدا ياخشى سىياسىي خىسلەتنى مەڭگۈ ساقلاش

«ئارمىيەمىزنىڭ خەلق ئارمىيەسىلىك خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىشكە مەڭگۈ بولمايدۇ، پېشقەدەم قىزىل ئارمىيەنىڭ ئەنئەنىسىنى يوقىتىپ قويۇشقا مەڭگۈ بولمايدۇ، جاپالىق كۈرەش قىلىشتەك سىياسىي خىسلەتنى ئۆزگەرتىشكە مەڭگۈ بولمايدۇ».

«پارتىيەمىزنىڭ، ئارمىيەمىزنىڭ ئۇزاق مەزگىل ئەمەلىيەت داۋامىدا يېتىلدۈرگەن ئىنقىلاب روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىنقىلابىي ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ئاشۇ غەيرەتنى، ئاشۇ ئىنقىلاب قىزغىنلىقىنى، ئاشۇ جان تىكىدىغان روھنى مەڭگۈ ساقلاش كېرەك».

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، رەئىس شى جىنپىڭ قىسىملارغا بېرىپ كۆزدىن كەچۈرگەندە، ئارمىيە تارىخى مۇزېيى، شەرەپ ئۆيلىرىگە كىرىپ، قىزىل گېنىغا ئەۋلادمۇئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىش كېرەكلىكىنى قايتا - قايتا تاپىلىدى.

پۈتۈن ئارمىيە قىزىل گېنىغا ۋارىسلىق قىلىشنى يېڭى دەۋردە ئارمىيەنى سىياسىي ئارقىلىق قۇرۇشنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ۋەزىپىسى ۋە ئۇل قۇرۇلۇشى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، قىزىل بايلىقتىن ياخشى پايدىلىنىپ، تارىخنى بۆگۈنگە ئۆرنەك قىلىپ ئادەم تەربىيەلەپ، پارتىيەمىزنىڭ، ئارمىيەمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئارمىيەمىز جان تومۇرىنىڭ مەڭگۈ داۋاملىشىشىغا، ئۇلىنىڭ مەڭگۈ پۇختا بولۇشىغا، ئۈستۈنلۈكىنىڭ مەڭگۈ ساقلىنىشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلدى.

— ئىنقىلاب روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ياخشى قىزىل ۋارىسلاردىن بولۇش.

جىڭگاڭشەن روھى، ئۇزۇن سەپەر روھى، يەنئەن روھى، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى روھى، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش روھى... ئۇزاق مەزگىللىك ئەمەلىيەت داۋامىدا، پارتىيەمىز، ئارمىيەمىز ئۆزىگە خاس شەرەپلىك ئەنئەنە ۋە ئېسىل ئىستىل يېتىلدۈردى. پۈتۈن ئارمىيەدىكى ھەر دەرىجىلىكلەر ئىنقىلابىي مەدەنىيەت ۋە شەرەپلىك ئەنئەنە تەربىيەسىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، پارتىيە تارىخى، ئارمىيە تارىخىدىن ئىبارەت بۇ زۆرۈر دەرسلىكنى چوڭقۇر ياخشى ئۆگىنىپ، «ئەنئەنىنى ئۆگىنىش، ئەنئەنىنى سۆيۈش، ئەنئەنىنى سۆزلەش» پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، كەڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر قىزىل فىلىم كۆرۈپ، قىزىل ناخشا ئېيتىپ، قىزىل ھېكايە سۆزلەپ، ئاڭلىقلىق بىلەن قىزىل ئەنئەنىنى جارى قىلدۇردى، ياخشى قىزىل ۋارىسلاردىن بولدى.

— كۈرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، خاس ئەۋزەللىكنى ساقلاش.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پۈتۈن ئارمىيەدىكى ھەر دەرىجىلىكلەر «مەن كۈرەش قىلىمەن، مەن قالتىس» ئىش ئورنىدا تۆھپە يارىتىش پائالىيىتى، «ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتا مەن بار، بۇرچۇم زىممەمدە» ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش پائالىيىتى قاتارلىقلارنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، قىسىم قۇرۇلۇشى، ئىسلاھاتى ۋە ھەربىي كۈرەش تەييارلىقى ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى كۈرەش قىلىش روھىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئەۋج ئالدۇرۇشنى باشتىن - ئاخىرغا سىڭدۈرۈپ، كەڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنى ئېغىر يۈكنى بىلىپ تۇرۇپ زىممىگە ئېلىش، جاپاغا چىداپ ئەمەلىي ئىشلەش، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش، ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئارمىيەنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت دەۋر ئېغىر ۋەزىپىنى زىممىگە ئېلىشقا ئىلھاملاندۇردى.

— تۈپ ئاساسىي مەقسەتنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، خىسلەت، ئىستىلنى مەڭگۈ ساقلاش.

گېڭزى چاغاندا، تۇيۇقسىز تارقالغان يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالدىدا، خەلق ئارمىيەسى پارتىيەنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇپ، بۇيرۇقنى ئاڭلاپلا ھەرىكەتكە كەلدى؛ چېچەك پەسلىدە، ئارمىيەنىڭ خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتى ۋەزىپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ، ئۈن - تىنسىز قايتتى...

يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش چوڭ جېڭى، چوڭ سىنىقىدا، پۈتۈن ئارمىيە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت ۋە رەئىس شى جىنپىڭنىڭ تەدبىر، يوليورۇقلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، بۇيرۇقنى ئاڭلاپلا ھەرىكەتكە كېلىپ، باتۇرلۇق بىلەن ئېغىر يۈكنى زىممىگە ئېلىپ، مۇھىم تاپشۇرۇقنى يەردە قويماي، بۇرچنى ئادا قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپە قوشتى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، خەلق ئارمىيەسى باشتىن - ئاخىر پارتىيە ۋە خەلق تامامەن ئىشەنچ قىلىدىغان قەھرىمان ئارمىيە.

كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشتا زەربىدارلىق بىلەن ياردەم بېرىش داۋامىدا، پۈتۈن ئارمىيە رەئىس شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقى ۋە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇپ، بۇيرۇقنى ئاڭلىغان ھامان ھەرىكەتكە كېلىپ، خەتەرگە قاراپ ئاتلىنىپ، ئارمىيەمىزنىڭ ئاساسىي مەقسىتىنى پائال ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ئۇدا جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىش ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇپ، خەتەردىن، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشنى كۈچلۈك تەشكىللەپ، ئاچقۇچلۇق پەيتتە زەربىدار ئەترەتلىك رولىنى جارى قىلدۇردى.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش داۋامىدا، پۈتۈن ئارمىيە ئاساسىي مەقسەت خىسلىتىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ھەربىي ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇنداش بىلەن بىللە، يەرلىكنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنى قوللىدى.

تەسىرلىك كۆرۈنۈشلەر، جانلىق مىساللار خەلق ئارمىيەسىنىڭ خەلق بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىرداش، قەلبداش ئىكەنلىكىنى جانلىق چۈشەندۈرۈپ بەردى، خەلق پەرزەنت ئەسكەرلىرىنىڭ ئەسلى مەقسىتىنى ئۆزگەرتمەي، خىسلىتىنى بۇرۇنقىدەك ساقلىغانلىقىنى تولۇق نامايان قىلدى.

يېڭى ئىدىيە يېڭى دەۋرگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ، يېڭى نىشان يېڭى مۇساپىنى يېتەكلەيدۇ. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، خەلق ئارمىيەسى پارتىيە بايرىقى ئاستىدا ئارمىيە روھىنى تاۋلاپ، پارتىيەنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، خەلق ئارمىيەسىنى دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئارمىيە قىلىپ ئومۇميۈزلۈك قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

ئاپتونوم رايون رەھبىرى «يېڭى دەۋردىكى ئەڭ گۈزەل تەپتىش ئەمەلدارى» مۇيەسسەر مەمەت بىلەن سۆھبەتلەشتى

# ھەققىي تۈردە پارتىيە ۋە خەلق يۈكلىگەن ۋەزىپە - مەسئۇلىيەت، بۇرچنى زىممىگە ئېلىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاڭ يەنفاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ئاپتونوم رايوندىمىزدىن پۈتۈن مەملىكەت بويىچە «ھەققانىيەتنى ياقلاش — يېڭى دەۋردىكى ئەڭ گۈزەل تەپتىش ئەمەلدارى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن مۇيەسسەر مەمەت شەرەپ قۇچۇپ قايتىپ كەلدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ مىڭشەن مۇيەسسەر مەمەت بىلەن سۆھبەتلەشتى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى سىياسىي قانۇن كادىر - ساقچىلىرىنىڭ مۇيەسسەر مەمەتنى ئۈلگە قىلىپ، ھەققىي تۈردە پارتىيە ۋە خەلق يۈكلىگەن يېڭى دەۋردىكى ۋەزىپە - مەسئۇلىيەت، بۇرچنى زىممىگە ئېلىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.

سۆھبەتتە، مۇيەسسەر مەمەت ئۆز كەچۈرمىشىگە بىرلەشتۈرۈپ شان - شەرەپنىڭ ئارقىسىدىكى ھېكايىلەرنى بايان قىلدى.

ۋاڭ مىڭشەن مۇيەسسەر مەمەتنى تەبرىكلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى سىياسىي قانۇن كادىر - ساقچىلىرى مۇيەسسەر مەمەتنىڭ ۋەزىپىسىنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىشتىكى مەسئۇلىيەتچانلىقى، قانۇننى خەلق ئۈچۈن يۈرگۈزۈشتىكى ھېسسىياتى، پاك - دۇرۇس بولۇش پەزىلىتىدىن ئۆگىنىپ، ئۇنىڭغا ئوخشاش سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ دېموكراتىيە، قانۇنچىللىق، ئادىللىق، ھەققانىيلىق، بىخەتەرلىك قاتارلىق جەھەتلەردىكى يېڭى تەلىپى، يېڭى ئارزۇسىغا پائال ئىنكاس قايتۇرۇپ، سىياسىي ئۈنۈم، جەمئىيەت ئۈنۈمى، قانۇن ئۈنۈمىنىڭ ئورگانىك بىرلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشى كېرەك.

ۋاڭ مىڭشەن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەققانىيەتنى ياقلاش، قانۇننى ئادىل يۈرگۈزۈش، خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشتا شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى تەپتىشلىك ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشتا جەزمەن چىڭ تۇرىدىغان، ئۆلچەمگە توغرىلىنىدىغان، قانۇن - نىزامغا توغرىلىنىدىغان تۈپ مىزان قىلىش كېرەك. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى سىياسىي قانۇن ئورگانلىرى ۋە سىياسىي قانۇن كادىر - ساقچىلىرى پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە مەركەزنىڭ دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى يىغىنى، 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، راستچىل - ئەمەلىيەتچىل بولۇپ، ھەققىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشى كېرەك.